# كۆڭلى - كۆكسى دېڭىزدەك كەڭ بولۇپ، يەلكەننى ئورتاق چىقىرىش

(بېشى 1 - بەتتە)

سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى سۈپىسى بەرپا قىلىنىپ، ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازا بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلدى؛

ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىپ، تۈزۈلمە - مېخانىزمدىكى توسالغۇلار ئۈزلۈكسىز تۈگىتىلدى؛

يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى تېزدىن بەرپا قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازار تېخىمۇ ياخشى تۇتاشتۇرۇلدى...

دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەندە، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىششى تەتۈر ئېقىمغا ئۇچرىغاندا، سودا سۈركىلىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، باش شۇجى شى جىنپىڭ «بوران - چاپقۇن ئالدىدا تەمكىن تۇرۇش»تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئىرادە، «لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنىڭ كۆزنى توسۇۋېلىشىدىن قورقماسلىق»تىن ئىبارەت نەزەر دائىرە، ئارزۇ - ئىستەك بىلەن، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەلىپى ۋە خەلقنىڭ يېڭى ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ، جۇڭگوغا رەھبەرلىك قىلىپ باشتىن - ئاخىر ئېچىۋېتىش چوڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈردى.

تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېچىۋېتىش پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى روشەن قىياپىتى بولدى.

«ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۆتكەن 40 يىلدىكى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئېچىۋېتىش شارائىتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن، كەلگۈسىدە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ جەزمەن تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك».

2018 - يىلى 4 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرىنىڭ 2018 - يىللىق يىللىق يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەپ، ئېچىۋېتىش جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى ئاساسىدا چىقارغان ئىستراتېگىيەلىك تاللىشى دەپ تەكىتلىدى.

«سىرتقا ئېچىۋېتىش ئاساسىي دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش» «ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان، كۆپ مەنبەدىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغان، بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ئوچۇق ئىقتىساد سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» «دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاش»...

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ۋە كەڭرى نەزەر دائىرە بىلەن يېڭى دەۋردە قانداق قىلغاندا ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېڭەيتكىلى بولىدۇ دېگەن مۇھىم، زور تېمىنى چوڭقۇر شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسى، ئېچىۋېتىش نىشانى، ئېچىۋېتىش يولى، ئېچىۋېتىش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

تارىخ چوڭ يۈزلىنىشنى ئىگىلەپ، دەۋر ئېقىمىغا ئۇيغۇنلىشىش.

2 - نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشى ھەر تەرەپلىمە، پۈتۈن ساھەلىك، ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش يېڭى ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىۋاتىدۇ».

تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك بولدى.

ھەربىر قېتىمقى دىپلوماتىيە پائالىيىتىدە، ھەربىر قېتىمقى دۆلەت ئىچىدە تەكشۈرۈشتە بولغان، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتىكى يېڭى تەسەۋۋۇر، يېڭى تەدبىرنى ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويۇپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولدى.

ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى «بىر بەلباغ، بىر يول»غا سىڭدۈرۈشتىن، ئىچكى قۇرۇقلۇق ئوچۇق ئىقتىساد سىناق رايونى تەسىس قىلىشقىچە، يەنە گۇاڭدۇڭ، شياڭگاڭ، ئاۋمېن بازارلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشقىچە، دۆلىتىمىز شەرقىي، غەربىي قىسىمنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ تەرەققىي قىلىشنى كۈچەيتىش، رايونلار تەرەققىياتى ئىستراتېگىيەسى بىلەن يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز ئىچكى - تاشقى جەھەتتە بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، شەرق بىلەن غەرب قوش يۆنىلىشتە ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان ئېچىۋېتىش ئەندىزىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى.

بۇ يىل 2 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ سىن ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى 170 مىڭ كادىرغا يۈزلىنىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشقا سەپەرۋەر قىلغاندا ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرما قىلغاندا، مەخسۇس قىلىپ پۇل مۇئامىلە قاتارلىق مۇلازىمەت كەسپىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى.

بىر ئايدىن كېيىن، بەش تاشقى مەبلەغ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى شاڭخەيدە توردا تىجارەت باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى؛ 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاكسىيە شىركەتلىرىنىڭ تاشقى مەبلەغ پاي نىسبىتى چەكلىمىسى بىكار قىلىندى؛ 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، چېگرا سىرتى ئاپپاراتلىرى مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ چېگرا ئىچى ئاكسىيە، قەرەللىك مال سېلىنما مەبلىغىنى باشقۇرۇش تەلىپى ئاددىيلاشتۇرۇلدى...

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلىپ، قائىدە، بەلگىلىمە - تۈزۈم، باشقۇرۇش، ئۆلچەم قاتارلىق تۈزۈم تىپىدىكى ئېچىۋېتىش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

تۈزۈم تىپىدىكى ئېچىۋېتىشنى چۆرىدەپ، دۆلىتىمىز ئەمەلىي دۆلەت ئەھۋالىدىن چىقىش قىلىپ، خەلقئارادىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، چەت ئەلگە چېتىشلىق ئىقتىساد - سودا قانۇنى ۋە قائىدە سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت - سودا مۇھىتى يارىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامغا كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدى.

## «تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىش»

**— كرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش**

شېنجېن لىيەنخۇاشەن تېغىدا، سەككىز يىل ئىلگىرى باش شۇجى شى جىنپىڭ تىككەن بىر تۈپ گاۋشەنرۇڭ دەرىخى بۈك - باراقسانلىشىپ كەتكەنىدى.

بۇ يىل 10 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم گۇاڭدۇڭغا كېلىپ، شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

«تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىش» — باش شۇجى شى جىنپىڭ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكىلەرگە مۇنداق جاكارلىدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىدا داۋاملىق ماڭىدۇ.

ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتتا ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى مۇھىم تەجرىبە.

باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئىسلاھات بىلەن ئېچىۋېتىش بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئىسلاھات مۇقەررەر ئېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئېچىۋېتىشمۇ مۇقەررەر ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلىدۇ».

تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئېچىۋېتىش تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولىدۇ ——

2019 - يىلى 8 - ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شېنجېننىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا ئالدىن يۈرۈش ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇشنى قوللاشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور تەدبىرنى چىقاردى.

2020 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شېنجېننىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا ئالدىن يۈرۈش ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتى سىناق نۇقتىسى قۇرۇشى بويىچە تۈنجى تۈركۈمدە ھوقۇق بېرىلگەن ئىشلار تىزىملىكى سىرتقا ئېلان قىلىندى.

تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئېچىۋېتىش ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تېخىمۇ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى ——

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز يەر شارىۋى يېڭىلىق يارىتىش تورىغا ئومۇميۈزلۈك سىڭىشىشتە چىڭ تۇرۇپ، 160 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى، 200دىن ئاشىدىغان خەلقئارا تەشكىلات ۋە كۆپ تەرەپلىمە مېخانىزمغا قاتنىشىپ، خەلقئارادىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئامىللارغا ئۈنۈملۈك ئۇدۇللاشتى.

تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئېچىۋېتىش يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا كۈچ قوشتى ——

637 مىليون ئادەم قېتىم دۆلەت ئىچىدە ساياھەتكە چىقتى، تۆمۈريول، تاشيول، سۇ يولى، خەلق ئاۋىياتسىيەسى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 62 مىليون 115 مىڭ ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇدى، كىنو بېلەت كىرىمى 4 مىليارد يۈەنگە يېقىنلاشتى... بۇ يىلقى «1 - ئۆكتەبىر بايرىمى» ئالتۇن ھەپتىلىكىنىڭ سانلىق مەلۇماتى جۇڭگونىڭ غايەت زور ئىستېمال ئىقتىدارى ۋە بازار يوشۇرۇن كۈچىنى كۆرسىتىپ بەردى.

خەينەندە، باج كەچۈرۈم قىلىنغان دۇكانلاردا ئادەملەر مىغىلدايتتى، ئۇزاق دەم ئېلىش مەزگىلىدە ئارالدىن ئايرىلىدىغاندا باج كەچۈرۈم قىلىنغان ماللارنى سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 148.7% ئاشتى.

بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىچى بازىرى قايتا جانلاندى، بىر تەرەپتىن ئىمپورت تاۋارلىرىنى سېتىش قىزىپ كەتتى، بۇ، خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنەلەيدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تەرەققىيات چوڭ يۈزلىنىشىنى ئىلمىي ئىگىلەپ چىقارغان ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر.

دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشنىڭ بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، باشقا دۆلەتلەرنى تەمىنلەيدىغان بازار پۇرسىتىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ، خەلقئارا تاۋار ۋە مۇھىم ئامىللارنى بايلىقنى جەلپ قىلىدىغان غايەت زور تارتىش كۈچى مەيدانىغا ئايلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ھەرگىزمۇ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ بېكىنمە ھالەتتە يۈرۈشتۈرۈش بولماستىن، بەلكى ئىچكى ئېھتىياجنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق دۆلەت ئىچى بازىرى ۋە خەلقئارا بازارنى تېخىمۇ ياخشى تۇتاشتۇرۇپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.» بۇ يىل 7 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا جۇڭگو تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئۆز رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىدۇ دەپ بىلدۈردى.

## «تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇش»

**— قەتئىي تۈردە ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىششىنى قوغداپ ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن قىياپەتتە ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان كەلگۈسىگە قاراپ مېڭىش**

پۈتۈن يەر شارىدا يۇقۇم يەنىلا يامراۋاتىدۇ، لېكىن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش يۈزلىنىشىنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ.

«ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىششى چوڭ يۈزلىنىشى ئالدىدا، تۆگەقۇشقا ئوخشاش بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىپ يالغاندىن كۆرمەسكە سېلىش ياكى دونكىخوتقا ئوخشاش نەيزە پۇلاڭلىتىپ قارشى تۇرۇشنىڭ ھەممىسى تارىخىي قانۇنىيەتكە خىلاپ. دۇنيا ئۆزئارا بېكىنمە، يەككە - يېگانە ھالەتكە قايتالمايدۇ، باشقىلار تەرىپىدىن ئايرىۋېتىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس».

بۇ يىل 9 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ 75 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ ئادەتتىكى مۇنازىرىسىدە، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىششى ئوبيېكتىپ رېئاللىق ۋە تارىخىي ئېقىم ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ئوخشىتىش بىلەن شەرھلەپ بەردى.

«بىز تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇشىمىز كېرەك» — يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دەۋر ئېقىمى ئالدىدا تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىششىغا تۈرتكە بولدى.

بۇ، كۈچلۈك ئېلاستىكلىقنى نامايان قىلغان جۇڭگو تۆھپىسى ——

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ پەسلىدە، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى يىل ئىچىدە تۇنجى قېتىم مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورتىنىڭ يىغىندى ئېشىش سۈرئىتى يىل ئىچىدە تۇنجى قېتىم مۇسبەتكە ئۆزگىرىشنى كۆرسەتتى؛ جەلپ قىلىنغان تاشقى مەبلەغدىكى خەلق پۇلى، دوللارنىڭ يىغىندى كۆرسەتكۈچى يىل ئىچىدە تۇنجى قېتىم «قوش مۇسبەتكە ئايلاندى»...

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان ئېشىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بىرىنچى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىپ قۇدرەتلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

بۇ، ئورتاق تەرەققىياتنى كۆزلىگەن جۇڭگو ھەرىكىتى ——

جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ يېڭى قۇرۇقلۇق ترانسپورتى ۋە خەلقئارا سودا يولىنى ئاچتى. بۇ يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن باشلاپ يېڭىدىن تۆمۈريول پويىزىنىڭ يۈرۈش خەرىتىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۈرۈش لىنىيەسى 73كە يەتتى.

ئورتاق كېڭەشىش - ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش - ئورتاق پايدا ئېلىش.

رەقەملەر «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش نەتىجىسىگە گۇۋاھ بولدى: جۇڭگونىڭ لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مال سودىسىنىڭ يىغىندى ئومۇمىي سوممىسى 7 تىرىليون 800 مىليارد دوللاردىن ئاشتى، لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەرگە بىۋاسىتە سالغان مەبلىغى 110 مىليارد دوللاردىن ئاشتى...

بۇ يىل 6 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىقى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سىن يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يازما سۆز قىلدى.

«بىز ھەمكارلىق ھەمراھلىرىمىز بىلەن بىللە، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئىتتىپاقلىشىپ خىرىسقا تاقابىل تۇرىدىغان ھەمكارلىق يولى، خەلقنىڭ ساغلاملىقى - بەختىيارلىكىنى قوغدايدىغان ساغلاملىق يولى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قايتا جانلىنىش يولى، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىدىغان ئېشىش يولى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى خالايمىز».

بۇ، داغدام يولدا مېڭىشنى گەۋدىلەندۈرگەن جۇڭگو مەسئۇلىيىتى ——

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، دۆلەت ھالقىغان بىر تۈركۈم ئاپتوموبىل كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى يۇقۇم سەۋەبىدىن ئۈزۈلۈپ قالدى. جياڭسۇ چاڭشۇغا جايلاشقان چىرۋي، جىيلى، لۇخۇ ئاپتوموبىلى جۇڭگو زاۋۇتى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر ئايدىلا 1000دىن ئارتۇق موتور ئېكسپورت قىلدى.

يەر شارىۋى تەمىنلەش زەنجىرىنى مۇقىملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن دۇنيا ئىقتىسادىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

«يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقى، راۋانلىقىنى قوغداش» — يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپلىگەن يىغىن ۋە ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا، يەر شارىۋى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئوچۇق، مۇقىم، بىخەتەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

«ھەرقايسى دۆلەتلەر بىرلىشىپ ماكرولۇق سىياسەتنىڭ تاقابىل تۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشكە پېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك» — 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا، جۇڭگو ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ ماكرولۇق سىياسەتنى ئورتاق ماسلاشتۇرۇشى توغرىسىدا تەشەببۇس چىقاردى.

يەر شارىۋىلاشقان ئىقتىساد يەر شارىۋىلاشقان ئىدارە قىلىشقا ئېھتىياجلىق.

كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قەتئىي قوللاپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئىسلاھاتىغا پائال قاتنىشىشتىن، يەر شارىغا يۈزلەنگەن ئەركىن سودا رايونى تورى قۇرۇشنى تېزلىتىشكىچە؛ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشتىن، 20 دۆلەت گۇرۇھى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى قاتارلىق خەلقئارالىق سۇپىلاردا ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكىچە... ئورتاق كېڭەشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، جۇڭگو خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرتىپنىڭ تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو تەشەببۇسى، جۇڭگو لايىھەسى ئارقىلىق دۇنيادىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسىتىنى تەقدىم قىلدى.

بۇ يىل 9 - ئايدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس سىن شەكلىدە رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، جۇڭگونىڭ كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار مۇھىم، زور تەشەببۇسى ۋە تەدبىرىنى يۈكسەك ئالقىشلىدى.

شامالغا قارشى دولقۇن يېرىپ، قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەش. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش يېڭى ۋەزىيىتىنى ئېچىش كېرەك.

كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، دۇنيا يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ، جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدۇ.

يېڭى مۇساپىدە، جۇڭگو دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلەپ، گۈزەل ئەتىنى ئورتاق يارىتىدۇ.

**(مۇخبىرلار: جياڭ ۋېي، جاۋ چاۋ، جياڭ لىن، لىيۇ خۇڭشيا، يۈ جياشىن، جوۋ رۇي، ۋاڭ يۈشياۋ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسىتىمىز ۋە كۈچىمىزنى قوشىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ياڭ يەنچىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئومۇمىي يىغىننىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەمگەك ۋە ماھارەت مۇسابىقىسىنى سىجىل كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا قاتنىشىشقا پائال يېتەكلەپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ھوقۇق قوغداش مۇلازىمىتى ۋە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدۇ.

«پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ھەقىقىي چىڭ تۇتۇشى، ياخشى تۇتۇشى كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مەممەتجان داۋۇت مۇنداق بىلدۈردى: «مەركەزنى چۆرىدەپ، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەتكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، بىز ياشلارنى ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش، ئۆسۈپ يېتىلىش، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ياشلىق كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىمىز».

«پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئاياللار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رەئىس ئاينۇر مەقسەت مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا مەسئۇلىيەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاياللار ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىدە ئاياللارنىڭ لاتاپىتىنى نامايان قىلىپ، ئاياللارنىڭ كۈچىنى قوشىدۇ.

«ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئەمەلىي ئىشلەش ھەممىدىن مۇھىم.» ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى دىڭ يۈەنلىڭ مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكىلەر ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىسىنى شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)